# 22389 - چاشكا نامىزىنىڭ ۋاقتى توغرىسىدا

## سوئال

ئىشراق نامىزى ۋە چاشكا نامىزى ئۈچۈن مۇناسىپ بولغان ۋاقىت قايسى؟. ئىشراق نامىزى بىلەن چاشكا نامىزى ئارىسىدىكى پەرق نېمە؟. چاشكا نامىزىنىڭ ۋاقتى قاچان باشلىنىدۇ؟. چاشكا نامىزىنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى قايسى؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

Table Of Contents


- -ئىشراق نامىزى بىلەن چاشكا نامىزى ئارىسىدىكى پەرق.
- -چاشكا نامىزىنىڭ ۋاقتى قاچان باشلىنىدۇ؟.
- چاشكا نامىزىنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى:


بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

## -ئىشراق نامىزى بىلەن چاشكا نامىزى ئارىسىدىكى پەرق.

ئىشراق نامىزى دېگەن: ئاۋۋالقى ۋاقىتتا ئادا قىلىنغان چاشكا نامىزى بولۇپ، ئىككى ئوخشىمايدىغان ئىككى ناماز ئەمەس، ئاۋۋالقى ۋاقىتدا ئوقۇلغانىنىڭ ئىشراق دەپ ئاتىلىشى ئۇ نامازنى كۈن چېقىپ ئۆرلىگەندىن كېيىنلا ئادا قىلىنغانلىقى ئۈچۈندۇر.

شەيخ بىن باز رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئىشراق نامىزى دېگەن: ئاۋۋالقى ۋاقىتتا ئادا قىلىنغان چاشكا نامىزىدۇر". ["شەيخ بىن باز پەتىۋالار مەجمۇئەسى"11-توم 401-بەت].

## -چاشكا نامىزىنىڭ ۋاقتى قاچان باشلىنىدۇ؟.

چاشكا نامىزىنىڭ ۋاقتى كۈن چېقىپ ئۆرلىگەندىن باشلاپ تاكى پېشىنىنىڭ ۋاقتى بولغۇچە داۋاملىشىدۇ. شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ بۇ ۋاقىتنى تەكىتلەپ: "كۈن چېقىپ ئون بەش مىنۇتتىن كېيىن باشلىنىپ، پېشىن نامىزىغا ئون مىنۇت قالغانغا قەدەر بولىدۇ دېگەن". ["شەرھىل مۇمتىئ"4-توم 122-بەت].

مۇشۇ ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسى چاشكا نامىزىنىڭ ۋاقتىدۇر.

## چاشكا نامىزىنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى:

چاشكا نامىزىنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى قۇياش كۆتۈرلۈپ تاشلار قىزىغان ۋاقتىتۇر. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «چاشكا نامىزى تاشلار قىززىپ بوتىلاقنىڭ پۇتى كۆيگۈدەك بولغاندا بولىدۇ» [مۇسلىم رىۋايىتى 748-ھەدىس. "شەيخ بىن باز پەتىۋالار مەجمۇئەسى" 11-توم 395-بەت].

ئالىملار بۇ ۋاقىتنى كۈن چىقىپ ئۆرلىگەن ۋاقىتتىن پېشىنىنىڭ ۋاقتىغىچە بولغان ۋاقىتنىڭ ئوتتۇرى دەپ قارىغان.

ئىمام نەۋەۋىينىڭ "ئەلمەجمۇ" 4-توم 36-بەتكە ۋە "كۇۋەيت پىقھى توپلاملىرى" 27-توم 224-بەتكە قارالسۇن.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ ياخشى بىلگۈچىدۇر.